# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يېرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى

(بېشى 23 ـ بەتتە)

ئاساسىي قانۇن يادرو قىلىنغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىروگراممىسىنى يولغا قويۇپ، مۇھىم مەمۇرىي تەدبىر بەلگىلەش تەرتىپى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇننى قاتتىق، قېلىپلىق، ئادىل ۋە مەدەنىي ئىجرا قىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى ئەركىن ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمىسى ئۇنىۋېرسال ياندىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوت تۈزۈمى، تەپتىش تۈزۈمى، جىنايى جازانى ئىجرا قىلىش تۈزۈمى، ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن يۈرگۈزۈش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىجرا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇننىڭ ئادىل يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىروگراممىسىنى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «8 ـ بەش يىل»لىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش يېرىك پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى سىستېمىسى، قانۇن ياردىمى ۋە دۆلەت ئەدلىيەلىك پاناھلاندۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كىشىلىك ھوقۇقنى قانۇن يۈرگۈزۈش ئارقىلىق قوغداشنى كۈچەيتىپ، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. چەتكە چېتىشلىق قانۇنچىللىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چەتكە چېتىشلىق قانۇن ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش كېرەك.

## 60 ـ باب پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

پارتىيە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان، نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەدبىرى ئىلمىي، ئىجراسى قەتئىي، نازارەتچىلىكى كۈچلۈك بولغان ھوقۇق يۈرگۈزۈش مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، سىياسىي كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىنتىزام نازارەتچىلىكى، رېۋىزىيە نازارەتچىلىكى، ۋاكالەت ئاپپاراتى نازارەتچىلىكى، كۆزىتىش نازارەتچىلىكىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى يېتەكچى قىلىپ، تۈرلۈك نازارەتچىلىكنىڭ راۋان ماسلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دائىملاشقان ئۇزاق ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىغا تېخىمۇ ياخشى سىڭدۈرۈش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ رېۋىزىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ قېلىپلىشىشى، قانۇنچىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نازارەت قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈش، ئىجرا قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھوقۇق تەقسىماتى ۋە ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە چەك قويۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈش، ئىش ئورنى بويىچە ھوقۇق تەسىس قىلىش، دەرىجە بويىچە ھوقۇق بېرىش، خىزمەت ئورنىنى قەرەللىك ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش ۋە ساھە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسىلىنى بايقاش، خاتالىقنى تۈزىتىش، جاۋابكارلىقنى دەل جايىدا سۈرۈشتۈرۈش ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە نازارەتچىلىك تۈزۈمى بەرپا قىلىش كېرەك. چەكلەنگەن رايون قالدۇرماسلىق، تولۇق قاپلاش، قىلچە يول قويماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە ۋە تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى قەتئىي بوشاشماي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى سىجىل تۈزەپ، راھەتپەرەسلىك ۋە ھەشەمەتچىلىكنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنى ھەققىي توسۇپ، ئامما ئەتراپىدا كۆرۈلگەن چىرىكلىك ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى قەتئىي تۈزەش كېرەك.

# 18 ـ قىسىم «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىشى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت گۈزەل كېلەچەكنى بىرلىكتە يارىتىش كېرەك.

## 61 ـ باب شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش

«بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۇقىرى دەرىجىدە ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نىگىزلىك قانۇندا بەلگىلەنگەن ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرتىپىنى قوغداپ، مەركەزنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى ئومۇميۈزلۈك ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغدايدىغان قانۇن ـ تۈزۈمى ۋە ئىجرا مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتى ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنىڭ ئالدىنى قەتئىي ئېلىپ ۋە توسۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنى مۇستەھكەملىشى ۋە ئاشۇرۇشىنى، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى سىڭىشىشىنى قوللاش كېرەك.

### 1 ـ پاراگراف شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنى مۇستەھكەملىشى ۋە ئاشۇرۇشىنى قوللاش

شياڭگاڭنىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركىزى، سۇ ترانسپورت مەركىزى، سودا مەركىزى ۋە خەلقئارا ئاۋىياتسىيە تۈگۈنلۈك ئورنىنى ئۆستۈرۈشىنى قوللاپ، دۇنياۋى قىرغاق سىرتى خەلق پۇلى كەسپى تۈگۈنى، خەلقئارالىق مۈلۈك باشقۇرۇش مەركىزى ۋە خەۋپ ـ خەتەر باشقۇرۇش مەركىزىلىك فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. شياڭگاڭنىڭ خەلقئارا پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى خەلقئارا قانۇن ۋە ماجىرا ھەل قىلىش مۇلازىمەت مەركىزى، رايون بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى سودا مەركىزى بەرپا قىلىشىنى قوللاپ، شياڭگاڭ مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى سەۋىيە، يۇقىرى قوشۇلما قىممەت يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، شياڭگاڭنىڭ جۇڭگو ـ چەت ئەل مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئالاقىسى مەركىزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى قوللاش كېرەك. ئاۋمېننىڭ دۇنياۋى ساياھەت ـ ئىستىراھەت مەركىزىنى تېخىمۇ مول مەزمۇنغا ئىگە قىلىشىغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، گۇاڭدۇڭ بىلەن ئاۋمېننىڭ خېڭچىن ئارىلىنى ھەمكارلىشىپ ئورتاق قۇرۇشىنى قوللاپ، جۇڭگو ـ پورتۇگال تىللىق دۆلەتلەر سودا ھەمكارلىقى مۇلازىمەت سۇپىسىنىڭ فۇنكسىيەسىنى كېڭەيتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئاساسىي ئېقىم قىلىنغان، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئالاقە ـ ھەمكارلىق بازىسى بەرپا قىلىپ، ئاۋمېننىڭ جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش، ئۆزگىچە پۇل مۇئامىلە، يۇقىرى يېڭى تېخنىكا ۋە كۆرگەزمە سودىسى قاتارلىق كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشىنى قوللاپ، ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق كۆپ مەنبەلىك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

### 2 ـ پاراگراف شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى سىڭىشىشىنى قوللاش

شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى سىڭىشى، ئىچكى جايلار بىلەن ئەۋزەللىكلەردە ئۆزئارا تولۇقلاش، ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىشكە ۋە زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشى ۋە كۈچ قوشۇشىنى قوللاپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىش فۇنكسىيەلىك سۇپىسى بەرپا قىلىش لازىم. ئىچكى جايلار بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئىقتىساد ـ سودا ۋە پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىچكى جايلار بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىنى تۇتاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونىنى يۇقىرى سۈپەتلىك قۇرۇپ، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن ھەمكارلىقى ۋە پان جۇجياڭ دېلتىسى رايونى ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شېنجېن چيەنخەي، جۇخەي خېڭچىن، گۇاڭجوۋ نەنشا، شېنجېن ـ شياڭگاڭ خېتاۋ قاتارلىق گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن مۇھىم ھەمكارلىق سۇپىلىرى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىچكى جايلار بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقە ـ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئاھالىسىنىڭ ئىچكى جايلاردا تەرەققىي قىلىشى، ياشىشى ۋە ئولتۇراقلىشىشىغا قولايلىق يارىتىدىغان سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نىگىزلىك قانۇن تەربىيەسى، دۆلەت ئەھۋالى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ دۆلەت ئېڭى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كۈچەيتىش لازىم. شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن ئالاقە ـ ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللاش كېرەك.

## 62 ـ باب ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىشى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

بىر جۇڭگو پرىنسىپى ۋە «92 ـ يىل ئورتاق تونۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى قىرغاقتىكى قېرىنداشلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى مەقسەت ۋە نىشان قىلىپ، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىياتى ۋە يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن يۇقىرى ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

### 1 ـ پاراگراف ئىككى قىرغاقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە چوڭ قۇرۇلۇقتا ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان تۈزۈم ۋە سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەيۋەنگە ۋە تەيۋەن ئاھالىسىگە نەپ يەتكۈزىدىغان سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى داۋاملىق تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى تەرەققىيات پۇرسىتىدىن بەھرىمەن قىلىپ، چوڭ قۇرۇلۇقنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىغا قاتناشتۇرۇش كېرەك. تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ۋە تەيۋەن كارخانىلىرىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ رايونلار ماس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىگە قاتنىشىشىنى قوللاش كېرەك. ئىككى قىرغاقنىڭ پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەيۋەن مەبلەغى كارخانىلىرىنىڭ چوڭ قۇرۇلۇقتا پېيىنى بازارغا سېلىشىنى قوللاش كېرەك. دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقىنىڭ كەسىپ ھەمكارلىقى رايونى، پىڭتەن ئۇنىۋېرسال سىناق رايونى، كۇنشەن ئىككى قىرغاق كەسىپ ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش سىناق رايونى قاتارلىق ئىككى قىرغاق ھەمكارلىق سۇپىسى قۇرۇلۇشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. فۇجيەننىڭ دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا يېڭى يول ئېچىش ئۈستىدە ئىزدىنىشىنى قوللاپ، ئىككى قىرغاق يۇغۇرما تەرەققىيات ئۈلگە رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىش لازىم. ئىككى قىرغاقنىڭ كەسىپ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىككى قىرغاق ئورتاق بازىرى بەرپا قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئىقتىسادىنى زورايتىش كېرەك.

### 2 ـ پاراگراف ئىككى قىرغاقنىڭ ئادىمىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىش

ئىككى قىرغاقنىڭ ئالاقە ـ ھەمكارلىقى ۋە خادىملارنىڭ بېرىش ـ كېلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىنىش ۋە تونۇشنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككى قىرغاقنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش، ساقلىق ساقلاش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالاقە ـ ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئاممىۋى بايلىقتىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىككى قىرغاقنىڭ قوشنا ياكى شارائىتى ئوخشاش رايونلىرىنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمىتىنى باراۋەر، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، قولاي قىلىشنى قوللاپ، ئىككى قىرغاقتىكى قېرىنداشلارنىڭ جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئورتاق ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىككى قىرغاقنىڭ ئاساسىي قاتلام ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، تەيۋەن ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنىڭ چوڭ قۇرۇلۇققا كېلىپ ئارزۇغا ئىنتىلىشى، ئارزۇ ئۈچۈن تىرىشىشى ۋە ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. كەڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىياتىنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش كېرەك.

# 19 ـ قىسىم يېرىك پىلاننى يولغا قويۇش كاپالىتىنى كۈچەيتىش

پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېرىك پىلاننى يولغا قويۇش كاپالىتى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، تۈرلۈك سۇبيېكتلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

## 63 ـ باب پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش

پارتىيە يۆنىلىشنى ئىگىلەش، ئومۇمىيەتنى پىلانلاش، سىياسەت بەلگىلەش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى يېرىك پىلاننى يولغا قويۇشنىڭ ھەر ساھەلىرى ۋە پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكچىلىك، كاپالەتلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى يېرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. يۇقىرى ـ تۆۋەن تۇتاشقان، كۈچلۈك ئىجرا قىلىدىغان تەشكىلىي سىستېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە كادىرلارنىڭ يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان ئىسلاھاتنى چىڭ تۇتۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش سىياسىي ئىقتىدارى ۋە كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يېرىك پىلاننى يولغا قويۇشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە مۇجەسسەملەش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە لايىق ئىچكى رىغبەت مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، رىغبەت يۆنىلىش قىلىنغان نەتىجە ـ ئۈنۈم باھالاش مېخانىزمى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى كەچۈرۈم قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كەڭ كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاش كېرەك.

## 64 ـ باب بىرلىككە كەلگەن يېرىك پىلان سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش

دۆلەت تەرەققىيات يېرىك پىلانى يېتەكچى، بوشلۇق يېرىك پىلانى ئاساس، مەخسۇس يېرىك پىلان ۋە رايون يېرىك پىلانى تىرەك قىلىنغان، دۆلەت، ئۆلكە، شەھەر ـ ناھىيە دەرىجىلىك يېرىك پىلانلاردىن ئورتاق تەشكىل تاپقان، ئورنى توغرا، چەك ـ چېگراسى ئېنىق، فۇنكسىيەسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىرتۇتاش جىپسىلاشقان دۆلەت يېرىك پىلان سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

### 1 ـ پاراگراف دۆلەت تەرەققىيات يېرىك پىلانىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى كۈچەيتىش

دۆلەت تەرەققىيات يېرىك پىلانىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بوشلۇق يېرىك پىلانى، مەخسۇس يېرىك پىلان ۋە رايون يېرىك پىلانىنىڭ مەزكۇر يېرىك پىلاننى يولغا قويۇشتىكى تىرەكلىك رولىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەزكۇر يېرىك پىلاندا بېكىتىلگەن زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش ـ قوغداشنىڭ تەلىپى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، دۆلەت دەرىجىلىك بوشلۇق يېرىك پىلانى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى بوشلۇق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. مەزكۇر يېرىك پىلاندا بېكىتىلگەن ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم نۇقتا ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىنى نىشانلاپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىساد، يېشىل ئېكولوگىيە، خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى قاتارلىق ساھەلەردە بىر تۈركۈم دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مەخسۇس يېرىك پىلانلارنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، تەرەققىيات ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى ۋە يول خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە تەپسىلىيلەشتۈرۈش لازىم. مەزكۇر يېرىك پىلاندا بېكىتىلگەن رايون تەرەققىياتى ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، بىر تۈركۈم دۆلەت دەرىجىلىك رايون يېرىك پىلانىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ يولغا قويۇش كېرەك. مەزكۇر يېرىك پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى، ئاساسلىق نىشان، نۇقتىلىق ۋەزىپە، زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يەرلىك يېرىك پىلانلاردا ئىزچىللىشىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

### 2 ـ پاراگراف يېرىك پىلانلارنى جىپسىلاشتۇرۇش ـ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش

مۇندەرىجە، تىزىملىك، تۈزۈشنى رويخەتكە ئالدۇرۇش، جىپسىلاشتۇرۇش ـ ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق يېرىك پىلان باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يېرىك پىلان مەزگىلىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك مەخسۇس يېرىك پىلانلار تىزىملىكى قاتارلىق مۇندەرىجە، تىزىملىكلەرنى تۈزۈپ، دۆلەت يېرىك پىلانىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ئۇچۇر سۇپىسى ئارقىلىق يېرىك پىلانلارنى رويخەتكە ئېلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك يېرىك پىلانلارنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش كېرەك. يېرىك پىلانلارنى جىپسىلاشتۇرۇش ـ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىغا سۇنۇلىدىغان يېرىك پىلانلارنى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك تەرەققىيات يېرىك پىلانىنى تەستىقلاشقا سۇنۇشتىن ئىلگىرى مەزكۇر يېرىك پىلان بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك بوشلۇق يېرىك پىلانى، مەخسۇس يېرىك پىلان ۋە رايون يېرىك پىلانى قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك يېرىك پىلانلارنىڭ ئاساسلىق نىشان، تەرەققىيات يۆنىلىشى، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرما، زور سىياسەت، زور قۇرۇلۇش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مەزكۇر يېرىك پىلان بىلەن ماس ۋە بىردەك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 65 ـ باب يېرىك پىلاننى يولغا قويۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

مەزكۇر يېرىك پىلاننى يولغا قويۇشقا تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېرىك پىلاننى يولغا قويۇشنىڭ كۆزىتىش ـ باھالاش، سىياسەت كاپالىتى، باھالاش، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

### 1 ـ پاراگراف يېرىك پىلاننى يولغا قويۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

جايلار ۋە تارماقلار مەسئۇلىيىتى بويىچە ئىش تەقسىملىۋېلىپ، مەزكۇر يېرىك پىلاندىكى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىغا دائىر ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. مەزكۇر يېرىك پىلاندا بېكىتىلگەن چەكلىمە كۆرسەتكۈچ، زور قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، بىخەتەرلىك كاپالىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى ۋەزىپىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت سۇبيېكتى ۋە سۈرئەت تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاممىۋى بايلىقنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، ئىجتىمائىي بايلىقنى تەڭشەش ـ تىزگىنلەشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆز قەرەلىدە ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەزكۇر يېرىك پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆزلىمە كۆرسەتكۈچ ۋە كەسىپ تەرەققىياتى، قۇرۇلما تەڭشەش قاتارلىق ساھەلەردىكى ۋەزىپىلەر ئاساسلىقى بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ياخشى سىياسەت مۇھىتى، تۈزۈلمە مۇھىتى ۋە قانۇنچىللىق مۇھىتىنى يارىتىشى كېرەك. يىللىق پىلاندا مەزكۇر يېرىك پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەرەققىيات نىشانى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەزكۇر يېرىك پىلاندا بېكىتىلگەن ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەرنى پارچىلاپ، يىللىق پىلان كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، يىللىق نىشان بېكىتىپ ۋە يىللار ئارا ئۇنىۋېرسال ياخشى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى مۇۋاپىق بېكىتىش كېرەك.

### 2 ـ پاراگراف يېرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كۆزىتىش ـ باھالاشنى كۈچەيتىش

يېرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ھەرىكەتچان كۆزىتىش، ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاش ۋە خۇلاسىلەپ باھالاشنى قانات يايدۇرۇپ، ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاش ۋە خۇلاسىلەپ باھالاش ئەھۋالىنى تەرتىپ بويىچە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يېرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى قانۇن بويىچە دوكلات قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش كېرەك. دۆلەت رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ يېرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. يېرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ئالاقىدار تارماقلار، جايلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە كادىرلارنى باھالاش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىش كېرەك. مەزكۇر يېرىك پىلاننى تەڭشەشكە توغرا كەلسە، گوۋۇيۈەن تەڭشەش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ.

### 3 ـ پاراگراف سىياسەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش كاپالىتىنى كۈچەيتىش

يېرىك پىلان يۆنىلىشنى بېكىتىش، مالىيە كاپالەتلىك قىلىش، پۇل مۇئامىلە تىرەك بولۇش، باشقا سىياسەتلەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېرىك پىلان بىلەن ماكرولۇق سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇش ـ ھەمتۈرتكە قىلىش مېخانىزمىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك. مەزكۇر يېرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ماكرولۇق سىياسەتنىڭ يۆنىلىشىنى مۇۋاپىق بېكىتىش كېرەك. ئاممىۋى مالىيەنى ئاممىۋى سىياسەتكە بويسۇندۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىلىرىنىڭ مالىيە كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا مەزگىللىك مالىيە يېرىك پىلانى بىلەن يىللىق خامچوتنى، ھۆكۈمەت سېلىنما پىلانى بىلەن مەزكۇر يېرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى جىپسىلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەركەزنىڭ مالىيەلىك مەبلىغىنى مەزكۇر يېرىك پىلاندا بېكىتىلگەن زور ۋەزىپە ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئالدىن مايىللاشتۇرۇش كېرەك. تۈرلەرنى يېرىك پىلانغا، مەبلەغ ۋە ئامىللارنى تۈرلەرگە بويسۇندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەزكۇر يېرىك پىلاندا بېكىتىلگەن زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ تىزىملىكىگە ئاساسەن، تىزىملىكتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، يېرىك پىلاندىكى ئورۇن تاللاش، يەر بىلەن تەمىنلەش ۋە مەبلەغ ئېھتىياجىنى ئالدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم، يەككە زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يەر ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى دۆلەت بىرتۇتاش كاپالەتلەندۈرىدۇ.

### 4 ـ پاراگراف تەرەققىيات يېرىك پىلانى قانۇنىنى چىقىرىشنى تېزلىتىش

يېرىك پىلاننى قانۇن بويىچە تۈزۈش، قانۇن بويىچە يولغا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ بىرلىككە كەلگەن يېرىك پىلان سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت تەرەققىيات يېرىك پىلانى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە، تەلەپ ۋە ئۈنۈملۈك تەجرىبە ـ ئۇسۇللىرىنى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇپ، تەرەققىيات يېرىك پىلانى قانۇنىنى تېزدىن چىقىرىپ، يېرىك پىلاننى تۈزۈپ يولغا قويۇشنىڭ قانۇنچىللىق كاپالىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(تەرجىمىسى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى كاتىبات باشقارمىسى تەمىنلىگەن)